ياخشى بالىلار ھەققىدە ھېكايىلەر



# ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بالا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





# ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدىلىم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

好孩子爱学习的故事/高厚满著: 阿不都力木译.
—乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.5 (2007.4重印)
ISBN 978 - 7 - 228 - 10205-1

Ⅰ.好... Ⅱ.①高...②阿... Ⅲ.儿童文学 — 故事
— 作品集 — 中国 — 当代 —维吾尔语 (中国少数民族语言)
Ⅳ.1287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 052178 号

责任编辑: 艾克巴尔·艾力
责任校对: 阿孜古丽·克里木
封面设计: 米尔扎提·阿布都拉·塔吉

好孩子爱学习的故事 (维吾尔文)
阿不都力木 译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 4 印张
2006年 8月第1版 2007年 4月 第2次印刷
印数: 4061—7060

ISBN 978-7-228-10205-1 定价: 7.50元

بۇ كىتاب خۇبېي ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2003 ـ يىـ
لى4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن
تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖北少年儿童出版社 2003 年 4 月第 1 版,2003 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版 .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۈل كېرىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

## ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 NO)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 4
2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4061—7060
ISBN978-7-228-10205-1
باھاسى: 7.50 يۈەن

بۇ ھېكايىلەردە ھەربىر مەشھۇر شەخسنىڭ بالىلىق چاغ-
لىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردا يېزىلغان-
لىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك دوستلارنىڭ ئۆز ھېكايىلىرىدۇر.

ئەلۋەتتە، قىممەت قارىشىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبى-
دىن ياخشى بالىنىڭ مۇتلەق ئۆلچىمى يوق. ياخشى بالا دېگەن
بۇ ئاتالغۇ ئەقىللىق، راستچىل، پىداكار، تىرىشچان، ئاددىي -
ساددا، ئوماق··· قاتارلىق نۇرغۇن گۈزەل ئۇقۇملار بىلەن باغ-
لىنىشلىق بولىدۇ. ئالايلى، ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسون كى-
چىك چاغلىرىدىن باشلاپ، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇپ، «نې-
مە ئۈچۈن؟» دەپ سوئال سوراشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭدىن
ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بېشى ئاغرىيتتى، ئۇنى قەستەن چاتاق تې-
رىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، مەكتەپتىن چېكىنىشكە نەسىھەت قىل-
غان. لېكىن، ئۇنىڭ ئاپىسى بۇنداق قارىمايتتى. ئۇنىڭ قارى-
شىچە، ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى چۈ-
شەنمىگەن. ھەربىر بالىدا چوڭلار ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان
ئۇنداق ياكى بۇنداق ھەرىكەتلەر بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرىكەت-
لەرنى خاتا دەپ قارىماي، ئۇنى توغرا يېتەكلىشىمىزگە توغرا
كېلىدۇ. شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا بىر ياخشى بالىنىڭ مەشھۇر
شەخس بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر كىتابتا، مۇھاكىمە ۋە تەھلىل
ئېلىپ بېرىلمىدى. ھېكايە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىتاب
ئوقۇش سالانى شەكلىدە كىچىك دوستلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تە-
پەككۇر قىلىشىغا، پەرق ئېتىشىگە، مۇنازىرە قىلىشىغا پۇر-
سەت يارىتىپ بېرىلدى ھەمدە كۆپ خىل جاۋاب ۋە ئوخشاش
بولمىغان پىكىرلەر بويىچە كىچىك دوستلارنىڭ ئەركىن ھەم
كۆپ قىرلىق تەپەككۇر قىلىشىغا ئورۇن بېرىلدى.

كىچىك دوستلار ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنى
ئاتا - ئانىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماش-



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

تۇرۇپ، تەھلىل ئېلىپ بارسا، ئاتا - ئانىلارنىڭ سىلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ياردىمى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ھېكايىلەر كىچىك دوستلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشتىكى ۋە سىنىپ يىغىنى ئېچىشتىكى خام ماتېرىيال بولالايدۇ.

ياخشى بالىلار ھەققىدىكى بۇ ھېكايىلەردە ئۆگىنىش ئاساس قىلىنماي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرۇش ئاساس قىلىنغان. ئۇلاردا بالا بىلەن ئاتا - ئانا ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىش مەقسىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ كىچىك دوستلارغا تەقدىم قىلىنغان ناھايىتى ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، قائىدىلىك يېڭى ئەسىرنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# كىرىش سۆز

ئىنسانىيەت تارىخىدا، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر يېتىشىپ چىقىپ، شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بەزىلىرى تاغ - دەريالارنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ھەيۋەتتى بىلەن بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن؛ بەزىلىرى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ ئەلنى قايتا قۇرغان؛ بەزىلىرى چوڭقۇر ئىدىيە ۋە ئېقىملارنى يارىتىپ، تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان؛ بەزىلىرى ئاجايىپ ئىستېداتى بىلەن ئالەمشۇمۇل زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار باتۇرلار، غالىبلار، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بولۇپ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر.

شۇڭلاشقا، بىز «ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بالا»نى تۈزۈپ، ئاشۇ مەشھۇر شەخسلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ھەربىر كىچىك دوستقا تەقدىم قىلدۇق.


چۇ يۈەن........................1
لى بەي........................7
فەن جۇڭيەن........................14
فرانكلىن........................20
رۇسسو........................26
فارادېي........................32
بالزاك........................37
نوبېل........................43
پاۋلوف........................50
كيۇرى خانىم........................54
لېنىن........................60
جۇكېجىن........................66
ماۋيىشېڭ........................73
ماۋدۇن........................79
لىيۇشاۋچى........................86
ۋېن يىدۇ........................91
ۋاڭ لى........................97
چېن يى........................103
سارتىرې........................109
چېن يۈن........................113

# چۈ يۈەن



كىچىك ئارخىپ:
چۈ يۈەن، تەخمىنەن مىلادىدىن 340 يىل ئىلگىرى تۇغۇلغان، بۈگۈنكى خۇبېي زىگۇيدىن، دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى. ئۇنىڭ «جۇدالىق زارى»، «توققۇز نەزم»، «توققۇز نامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

چۈ يۈەن كىچىكىدىنلا كىتاب ئوقۇشقا ئامراق ھەم زېرەك بالا ئىدى. بىر كۆرگەن نەرسىنى ئەستە ساقلىيالايتتى. شۇڭا، ئۇ يېشىدىلا نۇرغۇن بىلىم ئىگىلەپ، بىلىدىغىنىنىڭ كۆپلىكى بىلەن، ئەتراپقا داڭقى كەتكەنىدى.

چۈ يۈەن كۇڭزىچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتى، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق ھەققىدىكى بايانلارغا بەكمۇ قىزىقاتتى، لېكىن ئۇ قانائەتلىنىپ قالمىغانىدى. ئۇ ئەمىنىيە دەۋرىدىكى بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كىتابلىرىغىمۇ كۆز يۈگۈرتۈپ چىققانىدى، بولۇپمۇ ئۇ «جۇاڭزى» دېگەن كىتابنى ۋە سۈن ۋۇ، سۈن بىن قاتارلىق ھەربىي ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتى، چۇ قوشاقلىرىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كۈندۈزلىرى كىتاب ئوقۇپ، كەچلىكلىرى يېقىن ئەتراپتىكى ئاغىنىلىرى بىلەن جانبازلىق مەشقى قىلاتتى، بۇ ئادىتىنى

ئۆزۈن يىللارغىچە داۋاملاشتۇرغانىدى.

چۇ يوەن ئائىلىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا بىر دەريا بار بو-لۇپ، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا يوغان بىر تاش بار ئىدى، بۇ تاش قارىماققا گۆرۈچ ئامبىرىغا ئوخشايتتى، تاشنىڭ ئاس-تى تەرىپىدە بىر تۆشۈك بار بولۇپ، خۇددى پەركاغىلا ئوخ-شايتتى. كىشىلەر بۇ تۆشۈكنى گۆرۈچ ئامبىرىنىڭ ئېغىزى دېيىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئېغىزدىن توختىماي گۆرۈچ ئېقىپ چىقىدىكەن، ئەمما ئالدىرىغاندا جىقراق ئالاي دېسىمۇ ئالغىلى بولمايدىكەن. كېيىن بىر ئاچ كۆز ئادەم نەپ-سىنى يامان قىلىپ، كۆپرەك گۆرۈچ ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. ئۆيگە بارغاندا قارىسا گۆ-رۈچنىڭ ھەم-مىسى قومغا ئايلىنىپ قاپ-تۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئامبار ئېغىزىدىن گۆرۈچ ئاقماي-دىغان بوپتۇ.



چۇ يوەن بۇ رىۋايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەگەر راستىنلا

گۆرۆچ ئېقىپ چىققان بولسا، نۆرغۆن نامرات كىشىنىڭ قىد-يىنچىلىقى يېنىكلىمەسمىدى، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بىر ئامال تېپىپتۇ ...

نەچچە كۈندىن كېيىن، بىرەيلەن ئامبار تاشنىڭ ئېغىزى-دىن گۆرۆچ ئېقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، كىشىلەر بۇ-نىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە خەۋەر قىلى-شىپتۇ. شۇنداق قىلىپ كىشىلەر خالتىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، گۆرۆچ ئالغىلى بېرىپتۇ، ئەمما گۆرۆچ ئاز بولغاچقا، كۆپچى-لىكنىڭ ئازراقتىن يېيىشىگە توغرا كەپتۇ. بۇ چاغدا چۇ يۆەننىڭ ئاتىسى ئۆزلىرىنىڭ ئامبىرىدىكى گۆرۆچنىڭ ئازلاپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا غەلىتىرەك تۇيۇلۇپ-تۇ - دە، كېچىدە ئامبار تەرەپكە كېلىپ تەكشۈرۈپتۇ. ئاي-دىڭدا تۇيۇقسىز بىرەيلەننىڭ بىر خالتىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋات-قانلىقىنى سېزىپ، ئارقىسىغا چۈشۈپتۇ. ئەگىشىپ ئامبارتاش-نىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىسا بۇ باشقا بىرى ئە-مەس، ئۆز ئوغلى چۇ يۆەن ئىكەن. ئاتا تولىمۇ تەسىرلەنگەن ھالدا ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— قىلغىنىڭ توغرا، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم قىلىش ئېسىل پەزىلەت، ئەمما، — ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ: — چۇ بەگلىكى شۇنچە چوڭ، ئاچ - زارلىقتا ياشاۋاتقانلار تۈمەنلەپ تۇرسا، بىزنىڭ كىچىككىنە ئامبىرىمىزدىكى گۆرۆچ بىلەن ئۇلارنى قانداقمۇ قۇتقۇزغىلى بولسۇن؟ سەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ياخشى ئوقۇغىن، كەلگۈسىدە چوڭ ۋەزىپىلەرنى زىممەڭگە ئېلىپ، خەلقنى ھالا-كەتتىن قۇتقۇزغىن ! — دەيدۇ.

دادىسىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنى چۇيۇەنىنىڭ سەبىي قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قالىدۇ. ئۇ ياخشى ئۆگىنىپ كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلايدۇ.

ئىلىمنىڭ يولى ئۇ مۇشكۇلدۇر ئۇزاق،
بىر ئۆمۈر ماڭارمەن بۇ يولدا بىراق.

— چۇ يۇەن



此为试读, 需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com





دودو

بىزنىڭ كىتاب ئوقۇش سالونىمىز بۈگۈن رەسمىي قۇرۇلدى، سالونىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ياخشى باللار ھەققىدىكى ھېكايە كىتابنى ئوقۇش تەسىراتلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت. مەن مۇئەللىمنىڭ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھاياتى، ئىش - ئىزلىرىنى دائىم ئۆگەنگەندە، تەدرىجىي ھالدا ئالىيجاناب ئادەمگە ئايلانغىلى بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ياخشى باللار ھەققىدىكى ھېكايە كىتابتا ساپلا ئۇلۇغ زاتلار، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى ئىشلىرى سۆزلىنىدۇ، ئۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن جەزمەن چوڭ ئۇنۇمگە ئېرىشىمىز. بۈگۈن كۆپچىلىكنى چۇ يۈەننىڭ باللىق چاغلىرى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئوقۇغاندىكى تەسىراتىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىمەن، قېنى، كىم ئاۋۋال سۆزلەيدۇ؟


شا شا

دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بەزى ئادەملەر ھايات چېغىدا ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىپ ئۆتسىمۇ، ئۆلگەندىن كېيىن قۇرۇغان ئوت - چۆپتەك چىرىندە بولۇشقىلا يارايدىكەن؛ بەزى ئادەملەر ھاياتلىقىدا ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ جاپا - مۇشەققەت تارتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆلسىمۇ، روھى مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ. مېنىڭچە، چۇ يۈەن بىزنىڭ مەڭگۈ قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ زات ئىكەن. ئۇ دۇنيا تىنچلىق مۇدىرىيىتى دۇنيا بويىچە خاتىرىلەشكە چاقىرىق قىلغان قەدىمدە ئۆتكەن، تۆت چوڭ مەدەنىيەت ئەربابىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئادەم.



مى مى

چۇ يۇەن كىچىك تۇرۇپلا باشقىلارغا
ياردەم بېرىشتەك ئىسىل پەزىلەتنى يې-
تىلدۇرگەن. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەر-
زىيدۇ.

چۇ يۇەننىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئۆيىدىكى گۇ-
رۇچنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقىپ گۇرۇچ ئامبىرىغا
تۆككەنلىكىنى كۆرۈپ، ئوغلىنى ئۇرۇپ - تىللىمى-
غان، بەلكى ئوغلىغا سەۋرچانلىق بىلەن كۆچلۈك
ئىرادە بىلەن ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلار-
نى قىلالايدىغان، خەلقنى جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتقۇ-
زىدىغان ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن. بۇ
ئىش مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۇردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن
ئۆگىنىشنى تازا چىڭ تۇتمىغان بولسام، بۇنىڭدىن كې-
يىن قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈ-
سىدە ۋەتەننىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا پۇختا تەي-
يارلىق قىلىمەن.



جيا جيا

## بۈگۈنكى سوئال



بىز قانداق ئىرادە تىكلەپ، ياخشى
ئوقۇپ، كەلگۈسىدە ۋەتەننىڭ بىزنى تەربى-
يىلەپ ئۆستۈرگەن ئەجرىگە جاۋاب قايتۇ-
رۇشقا تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك؟

# لى بەي



كىچىك ئارخىپ:

لى بەي، قەدىمكى زاماندىكى شائىر، مىلادىيە 701 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئاتا ـ بوۋىسى بۇگۇنكى گەنسۇ تيەنشۇيلۇك، ئۇ بۇگۇنكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كېيىن بۇگۇنكى سىچۇەننىڭ جياڭيو دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مول تەسەۋۋۇرغا ئىگە، ئۇسلۇبى مەردانە بولۇپ، ئۇ قەدىمكى زامان ئاكتىپ رومانتىزملىق شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ.

لى بەي كىچىك چېغىدا تولىمۇ زېرەك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئەرشتىن چۈشكەن دېيىشەتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئوقۇغان، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. ئەمما، ئۇ سودىمۇ قىلماي، ئەمەلمۇ تۇتماي يېزىدا ياشىغانىدى. لى بەي ئاتىسىنىڭ تەسىرىدە ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. چىڭلىيەن يېزىسىدا بىر خۇسۇسىي مەكتەپ بار بولۇپ، 20 ـ 30 بالا ئوقۇيتتى، بالىلارنىڭ يېشىمۇ تەكشى ئەمەس ئىدى. ئوقۇتقۇچىسى بىلىملىك تالىپ بولۇپ، بالىلارغا بەش يېشىدىن تارتىپ «ئالتە جيا»نى يادلىتاتتى، بالىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى لى بەي ئىدى، ئۇ تېكىستلەرنى نەچچە قېتىم ئوقۇپلا يادقا ئېلىۋالاتتى. «ئالتە جيا» دېگىنى 10 بۇرج ۋە 12 مۆچەلنى كۆرسىتەتتى. لى بەي 10 بۇرج[1] بىلەن 12 مۆلچەلنى

① بۇرج: خەنزۇچە تەرتىپ نومۇرى ئورنىدىكى دەۋرىي بەلگىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

پىششىق يادلىۋالغان بولۇپ، خەنزۇچە مۆچەل خەتلىرى بىلەن مۆچەل ھايۋان ناملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ يادلىۋالغانىدى. جىيازى يىلى تۇغۇلغانلارنىڭ چاشقان يىللىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئۇ شىنچۇ يىلى تۇغۇلغان بولغاچقا، كالا يىللىق ئىدى. ئۇ تېخى ئۇنى ماڭا ئانام دەپ بەرگەن دەيتتى. ئۇ قانداقتۇر «زۆھرە يۇلتۇزىدىن بېشارەت» كەلگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى، ئۇ كىشىلەرگە ئاسماندا ئالاھىدە يورۇق بىر يۇلتۇز بار بولۇپ، ئۇ زۆھرە يۇلتۇز دېيىلىدۇ. ئۇ ئەتىگەندە كۈنچىقىش تەرەپتە كۆرۈنىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنى چولپان دەيمىز، كەچلىكى كۈنپېتىش تەرەپتە كۆرۈنىدۇ، ئۇنى زۆھرە يۇلتۇزى دەيمىز. ئانام مېنى تۇغىدىغان چاغدا چۈشىدە زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ باغرىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىكەن، شۇڭا ئانام ماڭا بەي (نۇر، ئاق) دەپ ئىسىم قويۇپتىكەن، ئىسمىم تەيبەي (زۆھرە دېگەن مەنىدە) بولىدۇ، دەيتتى. ئۇ بۇرج ۋە مۆچەللەرنى، كۈن، ۋاقىتلارنىڭ قانداق خاتىرىلىنىدىغانلىقىنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. ئوقۇتقۇچىسى بۇ زېرەك بالىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ھەمىشە ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇتۇپ، تېكىست يادلىتىپ باشقا بالىلارغا ئۈلگە قىلاتتى.

لى بەي ئەقىللىق، شوخ بالا ئىدى، دۇپدۇگىلەك يۈزى، قىپقىزىل مەڭزى، چوڭ كۆزلىرى كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ كىتاب ئوقۇشتا قىينالمايدىغاندەك قىلاتتى، ئارقا ـ ئارقىلاپ «نەسرنامە»، «مىڭ خەتلىك ماقالىلەر»نىمۇ زوقى بىلەن ئوقۇپ چىققانىدى. ئۇ ئون ياشقا كىرىپ، «نەسرنامە»نى ئوقۇشقا كىرىشكەندە، ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئىلگىرىكىدىن سۇسلىشىپ، ئويۇنغا بېرىلگىلى تۇردى، مۇئەللىم بەرگەن تاپشۇرۇقلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى، ئۇنىڭدىكى بۇنداق چوڭ

ئۆزگىرىشنى ئوقۇتقۇچىسى تېخى بايقىمىغانىدى. بۇ دەل ئەتىياز كېلىپ ھەممە ياق يېشىللىققا پۈركەنگەن پەسىل بولۇپ، بالىلار دائىم كەنت سىرتىغا ئويۇنغىلى باراتتى. بىر كۈنى لى بەي باشقا بالىلار بىلەن كەنتنىڭ چېتىدىكى ئېرىقنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. چوڭراق بالىلار يۈگۈرۈپ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لى بەي بىلەن باشقا كىچىكرەك بالىلار ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپتۇ، يۈگۈرە، يۈگۈرە ھېرىپ قېلىپ توختاپتۇ، قارىسا بىر موماي سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ بىر تۆمۈر تاياقنى يوغان تاشقا سۈركىگىلى تۇرۇپتۇ، سۈركەۋېرىپ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ تەرلىرىنى سۈرتكەچ تۆمۈرنى تاشقا سۈركەشنى داۋام قىپتۇ. لى بەي بۇنىڭغا قىزىقىپ، مومايىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن:



— موما، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ دەپ سوراپتۇ.

— ماۋۇ تۆمۈرنى ئۈپرىتىۋاتىمەن، — دەپتۇ موماي بېشىنى كۆتۈرمەستىن، يۈزلىرى مۈنچاق - مۈنچاق تەر بولۇپ كەتسىمۇ ئىشنى

توختاتماپتۇ.

— ئۇنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىسىز؟

— ئۇنى ئىنىچكىلىتىپ، قىسقارتىپ، كەشتە يىڭنىسى قىلماقچىمەن!

— بۇنچە توم تۆمۈرنى قاچانمۇ ئۇپرىتىپ كەشتە يىڭنىسى قىلغىلى بولار، چاقچاق قىلمۋاتامدىغانسىز؟

— بالام، مەن قانداقمۇ ساڭا چاقچاق قىلاي؟ ئېرىنمەي ئەجىر قىلساڭلا، لوم تۆمۈرنىمۇ ئۇپرىتىپ كەشتە يىڭنىسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ! — دەپتۇ. موماي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ يەنە بىر قېتىم، — ئېرىنمەي ئەجىر قىلساڭلا، لوم تۆمۈرنىمۇ ئۇپرىتىپ يىڭنىگە ئايلاندۇرالايسەن، مەن سېنى ئالدىمىدىم، قارا بۇ تۆمۈر خېلى كۆپ ئۇپراپتۇغۇ؟

بۇ ئىش لى بەيگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئويۇن قېپىلىق، بوشاڭلىق، گەپ ئاڭلىماسلىق، ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇشتەك كەيپىياتلىرىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. «نەسرنامە»نىمۇ ياخشى ئۆگەندى. قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۆزىدە بوشاڭلىق، ئويۇن قېپىلىق مىجەزى قوزغالغاندا، ھېلىقى مومايىنىڭ سۆزى بىلەن ئۆزىنى رىغبەتلەندۈردى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا:

— ئەقىللىق بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ، تىرىشچان بولغاندىلا بىلىمنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ! — دەيدىغان بولدى.

كېيىن ئۇ ھېلىقى مومايىنىڭ «ئېرىنمەي ئەجىر قىلساڭلا، تۆمۈرنىمۇ ئۇپرىتىپ يىڭنىگە ئايلاندۇرالايسەن» دېگەن سۆزىنى قەغەزگە يېزىپ تامغا چاپلاپ قويدى. بۇ سۆزنى ھەر كۈنى دەرسكە كىرىش ئالدىدا بىر قېتىم ئوقۇيتتى... ئۇ كى-



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com